يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# يېڭى كەسپ ھالىتى تاشقى سودا تەرەققىياتىدىكى يېڭى كۈچكە ئايلاندى

يىل ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادنى كۆزىتىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېي

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىغا ئېغىر زەربە ئېلىپ كەلدى، شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىمۇ خەلقئارا ئېھتىياجنىڭ تارىيىشى، زاكازنىڭ ئازىيىشىدەك كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلدى. «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» سىياسەت تەدبىرلىرىنىڭ قوغدىشى بىلەن، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا تەرەققىياتىدا يېڭى يارقىن نۇقتىلار بارلىققا كېلىپ، يېڭى كەسپ ھالىتى تاشقى سودا تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كۈچكە ئايلاندى.

### 6 ـ ئايدا تاشقى سودا مەنپىي ئېشىشتىن مۇسبەت ئېشىشقا ئۆزگىرىپ ئاكتىپ سىگنال قويۇپ بەردى

«ئالدىنقى يېرىم يىلدا، شىركىتىمىزنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىدا تەكشى، مۇقىم ئېشىش ھالىتى نامايان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە جابدۇق ياسىمىچىلىقى ئېھتىياجلىق بولغان زاپچاس ئىمپورتىدا 4 ـ ئايدىن بۇيان زور دەرىجىدە ئېشىش كۆرۈلدى. بۇ، ھازىر دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى پائال ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىدىن، دۆلەت ئىچىدىكى تۈرلەرگە بولغان ئېھتىياجنىڭ ئاشقانلىقىدىن بولدى» دېدى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئالاھىدە ترانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتى خەلقئارا بازار بۆلۈمىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇخبىرغا.

ئالاھىدە ترانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتى دۆلەت ئىچىدىكى باشلامچى ئېلېكتىر ئېنېرگىيە جابدۇق ياساش سودىگىرى ۋە ئېنېرگىيەنى سىستېمىلىق ھەل قىلىش لايىھەسى مۇلازىمەت سودىگىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 70تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونغا كىردى ھەمدە 30دىن ئارتۇق دۆلەتنى بىر گەۋدىلەشكەن ئاچقۇچ تاپشۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە سىستېمىلىق ھەل قىلىش لايىھەسى بىلەن تەمىنلىدى.

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، بىز ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق قىسمەن دۆلەتلەردىكى تۈرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق. بۇ تۈرلەردە ئىشنىڭ ئەسلىگە كېلىشى شىركىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق جابدۇق ياسىمىچىلىقى ئېكسپورتىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولدى. مۆلچەرلىنىشچە، كېيىنكى يېرىم يىلدا كارخانىنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورتى يەنىلا تەكشى، مۇقىم ھالەتنى ساقلايدۇ» دېدى كارخانا خەلقئارا بازار بۆلۈمىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

ئۈرۈمچى تاموژنىسى تەمىنلىگەن ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودىسىدا بۇ يىل 3 ـ ئايدىن بۇيان، ئايلىق سودا قىممىتىدە ئايمۇئاي قايتا ئۆرلەش ھالىتى شەكىللىنىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن تۆۋەنلەش نىسبىتى سىجىل تارايغان. 6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى مەنپىي ئېشىشتىن مۇسبەت ئېشىشقا ئۆزگىرىپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 11 مىليارد 270 مىليون يۈەن بولۇپ، سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.6% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14.8% ئاشقان؛ ئىمپورت بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.4% ئاشقان. بۇ بىرنەچچە ئايدىكى سانلىق مەلۇمات ئۆزگىرىشى ئاپتونوم رايونىمىز تاشقى سودىسىنىڭ تەدرىجىي جانلىنىۋاتقان ھالىتىنى كۆرسىتىپ بەردى.

### چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا شىددەت بىلەن ئېشىپ پايدىلىق مەزگىلنى كۈتۈۋالدى

يېڭىچە سودا كەسپ ھالىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا تور سودىسى، ئۇچراشماسلىق شەكلىدىكى مال تاپشۇرۇش ۋە سودا زەنجىرى قىسقا بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرگە تايىنىپ ئوخشىمىغان ۋەزىيەتتە يۈكسىلىپ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئالدىنقى بەش ئايدا، تاموژنا نازارەت قىلىپ باشقۇرغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاستە سېتىۋېلىش ئېكسپورت تىزىملىكى جەمئىي 15 مىليون 551 مىڭ 500 پارچە بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2827 ھەسسە ئاشقان، مال قىممىتى تەخمىنەن 52 مىليون 639 مىڭ 600 دوللار بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1880 ھەسسە ئاشقان.

«ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، بارلىققا كېلىشتىن كۈچىيىشتەك جەرياننى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ، خەلقئارا بازارنىڭ جۇڭگو ياسىمىچىلىقىغا بولغان كۈچلۈك ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ رايون ئورنى، سىياسەت ئەۋزەللىكىدىن جانلىق پايدىلىنىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى» دېدى ئۈرۈمچى تاموژنىسى پورت نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گۇەن يۈك.

ئالاتاۋ پورتىدا چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەلۇم كارخانىنىڭ مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىلدىن بۇيان، بۇ كارخانا توشۇشنى ئۈستىگە ئالغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپ مىقدارى قىسقىغىنا بىر نەچچە ئاي ئىچىدە زور دەرىجىدە ئاشتى. 3 ـ ئايدا ئاران 400 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك تالون بار ئىدى، 5 ـ ئايدا 10 مىليون پارچىدىن كۆپرەك تالونغا يەتتى، 6 ـ ئاي چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كاساتلاشقان مەزگىلگە كىرىپ، يەككە ئايلىق سانلىق مەلۇماتتا ئازراق تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن بولسىمۇ، يەنە 6 مىليون پارچىدىن كۆپرەك تالونغا يەتتى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، بۇ كارخانىنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پارچە سېتىش ئېكسپورتى 20 مىليون پارچىدىن كۆپرەك تالونغا يەتتى.

«چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپ مىقدارىنىڭ ئېشىشى ياۋروپا ئىستېمالچىلىرىنىڭ جۇڭگو ياسىمىچىلىقىغا بولغان ئىستېمال ئېھتىياجىنىڭ يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. نۆۋەتتە، بىز جۇڭگودا ياسالغان تاۋارلارنى ‹جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى + تاشيول يۈك ترانسپورتى›دىن ئىبارەت چېگرا ھالقىغان تاشيول ـ تۆمۈريول بىرلىشىپ توشۇش ئەندىزىسى ئارقىلىق گېرمانىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە توشۇدۇق» دېدى بۇ مەسئۇل كىشى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال سىناق رايونى تەستىققا ئېرىشىپ، شىنجاڭنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا تەرەققىياتى ئۈچۈن سىياسەت ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

«ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىز تاشقى سودا كارخانىلىرى شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش، غەربتىن كىرگۈزۈپ شەرققە چىقىرىشتەك خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت يولى ئەۋزەللىكىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاستە سېتىۋېلىش ئېكسپورتى تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ يېڭى يۆنىلىشىنى ئېچىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يۇقۇم مەزگىلىدە توشۇش كۈچى قىس بولۇش سەۋەبىدىن چېگرادىن ۋاقتىدا ئايرىلالمىغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا تاۋارلىرىنىڭ تاموژنىدىن تېز ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى» دېدى گۇەن يۈك.

### جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى زور ھەجىمدە ئېشىپ خەلقئارا كەسپ تەمىنلەش زەنجىرىگە كاپالەتلىك قىلدى

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شىنجاڭ پورتلىرىدا چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى جەمئىي 3968 قېتىم بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 27.8% ئاشقان، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدا توشۇلغان يۈك 3 مىليون 239 مىڭ توننا بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 139.4% ئاشقان.

نۆۋەتچى پويىزنىڭ سانى، يۈك مىقدارىدا زور ھەجىمدە ئېشىش ھالىتى كۆرۈلدى، بۇ، ھازىرقى يەرشارىۋىلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدە، جۇڭگونىڭ غەربكە يۈزلەنگەن قاناتنى تۈگۈنىنىڭ مۇھىملىقىنى نامايان قىلدى.

ئالاتاۋ پورتىدا جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزنىڭ يۈك توشۇش ۋاكالەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەلۇم كارخانىنىڭ مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل 2 ـ ئايدىن بۇيان، بۇ كارخانىنىڭ ۋاكالىتەن مال توشۇش مىقدارىدا تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلەش ھالىتى كۆرۈلدى، 2 ـ ئايدا 800دىن ئارتۇق ئۆلچەملىك ساندۇق ئېكسپورت قىلىش كەسپىنى بېجىردى، 3 ـ ئايدا 1400دىن كۆپرەككە يەتتى، 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا بىردەك 2000دىن كۆپرەككە يەتتى، 6 ـ ئايدىن باشلاپ 4000دىن كۆپرەك ئۆلچەملىك ساندۇققا يەتتى. 6 ـ ئايدىكى يەككە ئايلىق ۋاكالەتچىلىك قىلىنغان ئۆلچەملىك ساندۇق سانى بۇلتۇرقى يەككە ئايلىق ئەڭ يۇقىرى مىقدارنىڭ 50%دىن ئېشىپ كەتتى.

بۇ يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزنىڭ مۇقىم يۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى تاموژنىسى «ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش توغرىسىدىكى 12 تۈرلۈك تەدبىرى» «ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ پورتتا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى قولايلاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى خىزمەت تەدبىرى» قاتارلىقلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويدى. تۆمۈريول تارماقلىرىمۇ سىياسەت جەھەتتىن پائال قوللاپ، كارخانىلارنىڭ ئالاقىدار ھەقلىرىنى كېمەيتىپ، كەچۈرۈم قىلىپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەنىمۇ يېنىكلەتتى.

ئۈرۈمچى تاموژنىسى جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتنىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇپ، تاموژنا، تۆمۈريولنى «بىرلەشتۈرۈش» مەشغۇلاتىنى يولغا قويدى، يەنە جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يولغا چىققان جايدىكى تاموژنىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭچىڭ، جېڭجۇ، خاڭجۇ، شىئەن، چېڭدۇ، لەنجۇ، گۇاڭجۇ تاموژنىلىرى بىلەن جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى توغرىسىدىكى ئالاقە، ماسلىشىشنى كۈچەيتىش، ماسلىشىش مېخانىزمى ئورنىتىش ھەققىدە مۇددىئانامە ھاسىل قىلدى. نۆۋەتتە نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ پورتتا توختاش ۋاقتى ئەسلىدىكى 14 سائەتتىن ئەڭ تېز بولغاندا ئالتە سائەتكە قىسقاردى.

---

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

# ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ھەقسىز بولۇش سىياسىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشىيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، بەزى ئامما يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى، گۇمانىي ئاغرىقلار ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالىنىش خىراجىتى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلدى. 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خې شىنگو تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى شەھىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىراجىتى راسچوت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ۋە گۇمانىي ئاغرىقلار ھەم كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ ھەممىسىنى ھەقسىز قىلدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى تارقاتقان «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى» قاپلىغان داۋالاش مۇلازىمەت تۈرلىرى ۋە دورىلارنىڭ ھەممىسنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىدىن چىقىم قىلىش دائىرىسىگە ۋاقىتلىق كىرگۈزگەن. باشقا جايدا كېسەل كۆرسىتىپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغانلار ۋە گۇمانىي ئاغرىقلار ھەم كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارغا قارىتا، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىلار ئاغرىقلارنىڭ ئۇچۇرىنى خاتىرىلەش ۋە داۋالىنىش خىراجىتى ھېساباتىنى ياخشى قىلىشى كېرەك ئىكەن، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن چىقىم قىلىنغان قىسمىنى داۋالانغان جايدىكى داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بېجىرىش ئاپپاراتى ئالدىن چىقىم قىلىدىكەن، يۇقۇم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش تەشكىللىنىپ ھېسابات قىلىنىدىكەن.

خې شىنگو مۇنداق دېدى: سۇغۇرتىغا قاتناشمىغان ئاغرىقلارنىڭ كېلىپ چىققان قۇتقۇزۇش ـ داۋالىنىش خىراجىتىمۇ ھەقسىز بولىدۇ. سۇغۇرتىغا قاتناشمىغان ئاغرىقلارغا قارىتا، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىلار ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى خاتىرىلەش ۋە داۋالاش خىراجىتى ھېساباتىنى ياخشى قىلىشى كېرەك، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىراجىتىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ئالدىن چىقىم قىلىدۇ، شەھەرلىك داۋالىنىش كاپالىتى ۋە سەھىيە ـ ساغلاملىق تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىغا جەملەپ يوللىغاندىن كېيىن، شەھەرلىك مالىيە تارماقلىرىغا ئاجرىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىسا بولىدۇ.

ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە داۋالىنىش خىراجىتىنى راسچوت قىلىش جەھەتتە، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئارقىلىق دوختۇرخانىدىن چىققان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلار، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار قاتارلىقلار ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە داۋالىنىپ كېلىپ چىققان داۋالىنىش خىراجىتى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش كاپالىتى ئالاھىدە سىياستى بويىچە راسچوت قىلىنىدۇ.

داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ چىقىم قىلىش بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتا كېلىپ چىققان داۋالاش خىراجىتىنى ئايرىم راسچوت قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئۇنى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي سومما خامچوت كۆرسەتكۈچىگە كىرگۈزمەيدۇ، داۋالاش مۇلازىمىتى سۈپىتىنى تۆۋەنلەتمەي، ۋاقتىدا راسچوت قىلىپ، ئاغرىقلارنىڭ خىراجەت مەسىلىسى سەۋەبىدىن ۋاقتىدا قۇتقۇزۇلۇشى ـ داۋالىنىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ، بېكىتىلگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئومۇمىي سوممىسىنى خامچوت بويىچە باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

---

ئۆيدە تۇرۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش

# مۇتەخەسسىس پسىخىكىنى تەڭشەشنىڭ ئالتە قەدەملىك «ياخشى رېتسېپ»نى يېزىپ بەردى

مۇتەخەسسىس ئەسكەرتمىسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: ئۆيدە تۇرۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، تەشۋىشلىنىش، تىت ـ تىت بولۇش، ئۈمىدسىزلىك قاتارلىق پاسسىپ كەيپىيات پەيدا بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ پسىخىكا تېببىي مۇتەخەسسىسى مۇنداق ئەسكەرتتى: ئۆيدە تۇرۇۋاتقان پۇقرالارنىڭ پسىخىكا مۇداپىئەسىنى ياخشى ئىشلىشى ئىنتايىن مۇھىم، «ئالتە قەدەم» ئارقىلىق پسىخىكىسىنى تەڭشىسە بولىدۇ.

«كۆپچىلىكنىڭ يۇقۇمغا بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسى يىل بېشىدىكىگە قارىغاندا ئېشىپ، ئالاقزادە بولۇش پسىخىكىسى ئاز ـ تولا ئازايغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن يەنىلا ھەر خىل كەيپىيات، پسىخىكا، ھەرىكەت ئىنكاسى پەيدا بولىدۇ، بۇ سېزىمچان ئىنكاسلارنى ئۆزىنى تەڭشەش ئارقىلىق تۈگىتىپ پسىخىكا ساغلاملىقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ» دېدى شىنجاڭ روھىي سەھىيە مەركىزى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 ـ خەلق دوختۇرخانىسى) پسىخىكىلىق باھالاش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇدىر ۋىراچ شيا يىلىڭ.

شيا يىلىڭ مۇنداق تەكلىپ بەردى: بىرىنچى قەدەمدە، ئۆيدە تۇرۇۋاتقان پۇقرالار بۇ مەزگىلدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇش نىشانى ۋە يۆنىلىشىنى قايتىدىن تۇرغۇزسا بولىدۇ. بالىلارغا ھەمراھ بولۇپ قانچە پارچە كىتاب ئوقۇش، چوڭلارنى قانچە قېتىم ئۆۋۈلاپ قويۇش دېگەندەك پىلانلارنى تۈزۈپ، بۇ كىچىك نىشانلارنى تەدرىجىي ئورۇنداپ، شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئۆزى كونترول قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پسىخىكىلىق ھالەت تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىسا بولىدۇ.

«ئىككىنچى قەدەمدە ئۆزىنى قانۇنىيەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە دەۋەت قىلىپ، مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىپ، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.» شيا يىلىڭ مۇنداق دېدى: خىزمەتنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويغان ياشلار ئاسانلا ئۇزاق مۇددەت ئالاقە تورىغا بېرىلىپ كېتىپ، مەشغۇلات ۋاقتىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئاسانلا چۈشكۈنلىشىش، تەشۋىشلىنىش ۋە تىت ـ تىت بولۇش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ، شۇنداقلا يېمەك ـ ئىچمەك، ئۇيقۇ نورمال بولماسلىق سەۋەبىدىن بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچى قەدەمدە ھازىرقى ئەھۋالنى توغرا قوبۇل قىلىپ، ئۆيدە تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە بۇ تەدبىرلەرنى قوللىماسلىقنىڭ خەۋپىنى چۈشىنىپ، دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك. يەنە ئادەتتە قىلىشقا ۋاقتى يەتمىگەن، ئەمما ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشلارنى قىلىش، مەسىلەن، رەسىم سىزىش، مۇزىكا ئاڭلاش قاتارلىقلار ئارقىلىق دىققىتىنى يۆتكىسە بولىدۇ؛ تۆتىنچى قەدەمدە تەپەككۇر نۇقتىسىنى ئالماشتۇرۇپ ئاكتىپ ئېنېرگىيە يىغىپ، مۇشۇ مەزگىلدىن پايدىلىنىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، قەلب تۇيغۇلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆز ـ ئارا مەدەت بېرىپ، پسىخىكىلىق بېسىمغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرسا بولىدۇ.

ئەگەر تىت ـ تىت بولۇش كەيپىياتى ئېغىرلىشىپ ئۇيقۇسىزلىق، كەيپىياتنى كونترول قىلالماسلىق كېلىپ چىقسا، بەشىنچى قەدەمدە ئالدى بىلەن ئۆزىگە بېشارەت بېرىش، ئۆزى بىلەن سۆزلىشىش ۋە ئۆزىگە ئىلھام بېرىش ئارقىلىق تەشۋىشلىنىشنى پەسەيتسە، يەنە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ كەيپىياتنى ياخشىلىسا بولىدۇ. ئۆزىنى تەڭشەش مەغلۇپ بولۇپ، پسىخىك بېسىمى ئېشىپ كەتكەندە، ئالتىنچى قەدەمدە كەسپىي خادىملاردىن ۋاقتىدا ياردەم سورىسا بولىدۇ.

«بىزنىڭ تەجرىبىسى مول كەسپىي دوختۇرلار كوللېكتىپىمىز بار، توققۇز پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش قىزىق لىنىيەسى تەسىس قىلىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ روھىي سەھىيەگە ئالاقىدار مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىۋاتىمىز.» شيا يىلىڭ مۇنداق دېدى: ۋىرۇسنىڭ ئۆزى كېسەل، ناچار كەيپىياتمۇ كېسەل، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى خۇشال بولغاندىلا، پسىخىكا كېسەللىكلىرىگە قارىتا «قوغداش تېمى» ھاسىل قىلالايدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئالاھىدە مەزگىلگە ئاكتىپ يۈزلىنىپ، ساغلام پسىخىك ھالەتكە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.